# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا گۋىيانا زۇڭتۇڭى، تىرىنىداد ۋە توباگو زۇڭلىسى بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنى نامايان قىلدى. ھازىر، ئىككىلا دۆلەت مۇھىم تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرماقتا، كەڭ ئىستىقبال ۋە غايەت زور پۇرسەتكە دۇچ كەلمەكتە. ئىككى تەرەپ كېلەر يىلى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلىرىگە ھەققىي تۈردە ھۆرمەت قىلىپ ۋە ئېتىبار بېرىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئېنېرگىيە، ئۇل ئەسلىھە قاتارلىق ساھەلەردىكى ئۆز ئارا پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ ھەمكارلىق نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگو - گۋىيانا مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ گۋىيانا تەرەپ بىلەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ۋاكسىنىسى ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، داۋاملىق ھالدا گۋىيانانىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياردەم ۋە مەدەت بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن گۋىيانا ئوخشاشلا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر، نۇرغۇن خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرىدە مەيدانى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئىككى تەرەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق مەسىلىلەردە ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا سىستېما ئۆزگىرىشىنىڭ تېخىمۇ ئادىل، مۇۋاپىق يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. گۋىيانا تەرەپنىڭ جۇڭگونىڭ كارىب رايونى بىلەن بولغان ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىقى ھەمدە جۇڭگونىڭ كارىب ئورتاق گەۋدىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئالى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۈگۈن، مەن گۋىيانا تەرەپنىڭ مۇھىم سىياسىي پارتىيەلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، مىنىستىرلار بىلەن بىرلىكتە رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن تېلېفونلاشتىم، جۇڭگو تەرەپنىڭ گۋىيانا تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا ئۈچۈق قوللۇق بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن، جۇڭگو تەرەپنىڭ نۇرغۇن يەر شارىۋى مەسىلىلەردە مۇھىم رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقىنى ئالقىشلايمەن. گۋىيانا بىلەن جۇڭگونىڭ دوستلۇقى كۈچلۈك ھەم مۇستەھكەم.

گۋىيانا تەرەپ بىر جۇڭگو پرىنسىپىدا قەتئىي چىڭ تۇرىدۇ، جۇڭگونى گۋىيانانىڭ دۆلەت تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەمكارلىق ھەمراھى دەپ بىلىپ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئىككى پارتىيە ۋە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشكە كۈچ چىقىرىدۇ. گۋىيانا تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى پائال ئورتاق قۇرۇپ، ئۇل ئەسلىھە قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەن ئىشىنىمەنكى، گۋىيانا - جۇڭگو مۇناسىۋىتى بارغانسېرى ياخشى بولىدۇ. گۋىيانا تەرەپ كارىب ئورتاق گەۋدىسى تەرەققىياتىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قوللايدۇ ھەم ئۇنىڭغا پائال تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كەچتە تىرىنىداد ۋە توباگو زۇڭلىسى رالى بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تىرىنىداد ۋە توباگو جۇڭگونىڭ كارىب رايونىدىكى مۇھىم ھەمكارلىق ھەمراھى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن تىرىنىداد ۋە توباگو جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولدى. تىرىنىداد ۋە توباگو لاتىن ئامېرىكىسى ۋە كارىب رايونى بويىچە تۇنجى بولۇپ جۇڭگوغا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىئانە قىلغان دۆلەت، جۇڭگو تەرەپمۇ كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق تىرىنىداد ۋە توباگونى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى ۋە تېخنىكا ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى. جۇڭگو تەرەپ تىرىنىداد ۋە توباگو بىلەن ۋاكسىنا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، تىرىنىداد ۋە توباگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى داۋاملىق قوللاشنى خالايدۇ. تىرىنىداد ۋە توباگو كارىب دۆلەتلىرى ئىچىدە باشلامچىلىق بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا قاتناشتى. جۇڭگو تەرەپ تىرىنىداد ۋە توباگو بىلەن ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېنېرگىيە، تېلېگراف، ئۇل ئەسلىھە قاتارلىق ئەنئەنىۋى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى مۇستەھكەملەپ، يېڭى ئېنېرگىيە، رەقەملىك ئىقتىساد، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىق يېڭى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى پائال كېڭەيتىپ، جۇڭگو بىلەن تىرىنىداد ۋە توباگونىڭ ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل جۇڭگونىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى قانۇنلۇق ئورنىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ 50 يىللىقى. جۇڭگو تەرەپ تىرىنىداد ۋە توباگونىڭ قىممەتلىك مەدەت بەرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، تىرىنىداد ۋە توباگونىڭ شياڭگاڭغا ئالاقىدار مەسىلە، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە، تەيۋەنگە ئالاقىدار مەسىلە قاتارلىقلاردا جۇڭگو تەرەپنىڭ ھەققانىي مەيدانىنى قوللىغانلىقىنى ئالقىشلايدۇ. جۇڭگو تەرەپ تىرىنىداد ۋە توباگو بىلەن خەلقئارا ۋە كۆپ تەرەپلىك ئىشلاردا ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشنى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغداشنى، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. تىرىنىداد ۋە توباگونىڭ جۇڭگونىڭ كارىب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ھەمدە جۇڭگو - لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

رالى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق ساھەلەردە دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان ئۇلۇغ مۆجىزىلەرنى قولغا كەلتۈردى. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو باشلامچىلىق بىلەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاقابىل تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى قىممەتلىك مەدەت ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىدا مۇھىم رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۆزىدىن پەخىرلىنىشكە تامامەن ھەقلىق. تىرىنىداد ۋە توباگونىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى باراۋەرلىك ۋە دوستلۇق ئاساسىغا قۇرۇلغان. تىرىنىداد ۋە توباگو بىر جۇڭگو پرىنسىپىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو بىلەن ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە كۈچ چىقاردى ھەم رايون ئىشلىرىدا ئالاقىنى قويۇقلاشتۇردى. تىرىنىداد ۋە توباگو جۇڭگو تەرەپ بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى پائال ئالغا سىلجىتىشنى خالايدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«بەختلىك تۇرمۇش تەستە قولغا كەلگەن.» ئىلگىرى كەنتتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە ماۋۇت تۆمەنتال كەنتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ گۇۋاھچىسى، شۇنداقلا پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن مەنپەئەتلەنگۈچى. نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇ «قىزىل كىچىك ئۆي» قۇرۇپ، كەنت ئائىلىلىرىنى پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەشنى ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئائىلىسىدىكى 40 كىۋادرات مېتىرلىق بىر ئۆيدە قىزىل مەدەنىيەت كۆرگەزمىخانىسى قۇرۇپ، يىغىپ ساقلىغان قىزىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۆيگە رەتلىك تىزىپ قويدى.

«ئەينى چاغدا ‹قىزىل كىچىك ئۆي›نى قۇرۇشتىكى مەقسىتىم تېخىمۇ كۆپ كىشىنى قىزىل تەربىيە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئىدى، ھازىر ئېكسكۇرسىيەچىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، گەرچە چارچىساممۇ، كۆڭلۈم ناھايىتى خۇشال.» كۆرگەزمە تاختىسى ئالدىدا تۇرۇپ، ماۋۇت تەمكىن قىياپەتتە مۇنداق دېدى: «بىر ئادەم ئېكسكۇرسىيەگە كەلسىمۇ، مەن تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرىمەن!»

ماۋۇتنىڭ بۇ «قىزىل كىچىك ئۆي»نى قىزىل بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ساناائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ بۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى ئېكسكۇرسىيە قىلىش لىنىيەسى خەرىتىسىنى پىلانلاپ لايىھەلەپ، قىزىل ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسى يارىتىش ئارقىلىق، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىگە تۈرتكە بولدى.

64 ياشلىق ماۋۇتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ساقلانغان بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى يىللارنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ قىزىل ھېسسىياتىنى ئىزاھلاپ تۇراتتى. ئېكسكۇرسىيەچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزگىچە قىزىل ئەسلىمە كۆپچىلىككە بىر قېتىملىق جانلىق ۋە تەسىرلىك، مەنىسى چوڭقۇر، مول ھوسۇللۇق پارتىيە دەرسى بولدى.

تارىخىي ھېكايىلەرگە قۇلاق سېلىپ، قەلبىنىڭ تاۋلىنىشىنى قوبۇل قىلىش. ماۋۇتنىڭ «قىزىل كىچىك ئۆي»ى كەنتتىكى پارتىيەگە كىرىش ئاكتىپلىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى، ئوقۇغۇچىلار دائىم كېلىدىغان جاي بولۇپ قالدى.

«‹قىزىل كىچىك ئۆي› تېخىمۇ كۆپ كىشىگە قىزىل تارىخنى چۈشەندۈردى، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلدۇردى، بۇنىڭدىن ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى جاسارەت ۋە كۈچنى قوبۇل قىلغۇزدى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ساناائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن تۆمەنتال كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى ۋاڭ شۆفېڭ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بازارنىڭ مەبلەغ سېلىش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىگە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئاساسىي تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىنى ھەل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى يېڭىدىن سېلىش، ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ سېلىش ئېھتىياجى بىرقەدەر چوڭ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقان ئۆيلىرى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، دېھقان ئۆيلىرى قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، دېھقان ئۆيلىرى قۇرۇلۇشىغا دائىر سىياسەت، قانۇن - نىزاملار، ئالاقىدار ئۆلچەملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېھقان ئۆيلىرى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك مۇستەھكەملەپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك. ئالدى بىلەن پىلانلاپ، ئاندىن قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېنېرگىيە تېجەش، يەر تېجەش تىپىدىكى دېھقان ئۆيلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەنت ئائىلىلىرىنىڭ يەرنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، يېزىلارنى مۇۋاپىق مەركەزلىك ئولتۇراقلىشىشقا يېتەكلەپ، ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىت ئاسراش تىپىدىكى دېھقان ئۆيلىرى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى كۈچەيتىپ، يېزا تۇرالغۇ ياندىش ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھويلا - ئارامنى تۈزەشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، يۇرت - ماكاننى گۈزەللەشتۈرۈش، پاكىزلاشتۇرۇش كېرەك. يېزىلاردىكى ئۆي سېلىش سۈپەت بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، لايىھەلەش، باشقۇرۇش - كونترول قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىش باشلاشنى تەستىقلاشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، قۇرۇلۇش قىلىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى يوشۇرۇن خەۋپىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، دېھقان ئۆيلىرى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئېكولوگىيەسىنىڭ ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش ئۈچۈن خەلق قۇرۇلتىيى كۈچىنى قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىككى يىغىن مەزگىلىدە قىلغان مۇھىم سۆزى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، بولۇپمۇ «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەققىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە قىلغان مۇھىم سۆزى ۋە مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ئۆزىگە تەتبىقلاش، خىزمەتكە تەتبىقلاش، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتكە تەتبىقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، روھىي ماھىيىتىنى ئىگىلەپ، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، قەتئىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇپ، بىلىش، ئىشىنىش ۋە قىلىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆز رولى ۋە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، شەكىل، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، يول، سۇپىلارنى كېڭەيتىپ، كۆپ خىل شەكىلدە، كۆپ قاتلامدىن، كەڭ، چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن روھىنى ئاممىنىڭ ياقتۇرىدىغان شەكىل ۋە ئاممىباب، چۈشىنىشلىك تىل بىلەن تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، قەيسەرلىك بىلەن ئىلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى قۇدرەتلىك كۈچىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشتەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى تۇتۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئاڭلىق ھالدا چوڭ ۋەزىيەت ئاستىدا ئورۇن بەلگىلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن چوڭ ۋەزىيەتتە نەتىجە يارىتىپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ۋەكىللەر خىزمىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆز قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى ھەققىي جارى قىلدۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلاردىن بادەي، سو يۆ، توختى ياقۇپ يىغىنغا قاتناشتى.

---

**3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى**

پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىلىرى 1 - قېتىملىق سىن يىغىنى ئېچىلدى

## پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە ئالغا سىلجىتىش، يۇقىرى سۈپەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىلىرى 1 - قېتىملىق سىن يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى تيەن ۋېن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ھەققىي تۈردە ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە ئالغا سىلجىتىش، يۇقىرى سۈپەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ تەرتىپلىك، ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مەخسۇس تېمىدا ئۆگىنىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى تولۇق سەپلەپ، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەزلىك ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ مەخسۇس تېمىدىكى لېكسىيەنى گەۋدىلەندۈرۈپ، لېكسىيە سۆزلەش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، كۆرۈنمە ھالەتتىكى دەرسلىكلەردىن ياخشى پايدىلىنىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈش، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈش، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ مەخسۇس تېمىدا تەربىيەلەشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى مەخسۇس تېمىدا تەربىيەلەشنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك؛ مەخسۇس تېمىدا مۇھاكىمە قىلىش، سۆھبەتلىشىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، «باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنى»نى تەشكىللەپ ئېچىپ، باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە جەۋھىرى، مۇھىم مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك؛ سەييارە يېتەكچىلىك قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدە تۈرنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق، ساختىلىق قىلماسلىق، ئېغىپ كەتمەسلىك، ئۆزگىرىشچان بولماسلىققا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ «مەن ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن» ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دىققەتنى ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، خەلقنى كۆزلەيدىغان، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان، خەلققە قولايلىق يارىتىدىغان بىر تۈركۈم ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، كەم - كوتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پۇختا، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلاردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى قالايمىقان ئىگىلىۋېلىپ ئۆي سېلىش مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى سىن يىغىنى ئېچىلدى

## تېرىلغۇ يەرلەرنى قالايمىقان ئىگىلىۋېلىپ ئۆي سېلىش كۆلىمىنىڭ «نۆل ئېشىش»ىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **ليۇ يى** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئاپتونوم رايون يېزىلاردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى قالايمىقان ئىگىلىۋېلىپ ئۆي سېلىش مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى سىن يىغىنى ئېچىپ، 2020 - يىللىق پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى قالايمىقان ئىگىلىۋېلىپ ئۆي سېلىش مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى خۇلاسىلەپ، 2021 - يىللىق مەركەزلىك تۈزەش باسقۇچىدىكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايون يېزىلاردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى قالايمىقان ئىگىلىۋېلىپ ئۆي سېلىشنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغاندىن بۇيان، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، راۋانلاشتۇرۇش بىلەن توسۇشنى بىرلەشتۈرۈپ يېڭىدىن كۆپىيىشنى تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تېگىدىن ئېنىقلاپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، يېزىلاردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى قالايمىقان ئىگىلىۋېلىپ ئۆي سېلىشنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يېزىلاردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى قالايمىقان ئىگىلىۋېلىپ ئۆي سېلىشنى تۈزەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى ھەم يېزىلاردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى قالايمىقان ئىگىلىۋېلىپ ئۆي سېلىش مەسىلىسىنى تۈزەشنى جەزمەن ئورۇنداشقا تېگىشلىك قاتتىق ۋەزىپە قىلدى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، قەتئىي، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، يېزىلاردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى قالايمىقان ئىگىلىۋېلىپ ئۆي سېلىش مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تاماملىشى كېرەك. «قىلچە يول قويماسلىق» پوزىتسىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ ھالدا تېرىلغۇ يەرلەرنى قالايمىقان ئىگىلىۋېلىپ ئۆي سېلىش مەسىلىسىنىڭ يېڭىدىن كۆپىيىشىنى قەتئىي توسۇشى كېرەك. ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش، قانۇن - بەلگىلىمە بويىچە ئىش كۆرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ساقلانما مەسىلىلەرنى تۈرگە، قەدەمگە بۆلۈپ قانۇن بويىچە تەرتىپلىك تۈزىشى كېرەك. سىياسەت، تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇۋاپىق يەر ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى ھەققىي كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك. تەشكىلىي كاپالەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نازارەت قىلىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، مەخسۇس تۈزەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى قوغداش قىزىل سىزىقنى قەتئىي ساقلاپ، دۆلەتنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىشى كېرەك.

## ساۋەن ناھىيەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ شەھەر تەسىس قىلىش بويىچە ۋىۋىسكا يوپۇقى ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **رايىدە**، تارباغاتاي مۇخبىرلار پونكىتىدىن **ۋېن بو** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ساۋەن ناھىيەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ شەھەر تەسىس قىلىش بويىچە ۋىۋىسكا يوپۇقى ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ساۋەن شەھىرىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

بۇ يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ تەستىقىي جاۋاب بېرىپ قوشۇلۇشى بىلەن، ساۋەن ناھىيەسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك ساۋەن شەھىرى تەسىس قىلىندى، ئەسلىدىكى ساۋەن ناھىيەسىنىڭ مەمۇرىي رايونى ساۋەن شەھىرىنىڭ مەمۇرىي رايونى بولدى.

ساۋەن شەھىرى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى بولۇپ، رايون ئەۋزەللىكى گەۋدىلىك، تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتەكى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يادرولۇق بۆلىكىگە جايلاشقان، مول بايلىق ئەۋزەللىكىگە، ياخشى بولغان شەھەر قۇرۇلۇشى ئاساسىغا، چوڭقۇر مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ساۋەن شەھىرى ناھىيەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ شەھەر تەسىس قىلىشتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، «شەھەر» ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىناق ساۋەن قۇرۇپ چىقىدىكەن؛ «شەھەر»نىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئېكولوگىيەلىك ساۋەن قۇرۇپ چىقىدىكەن؛ «شەھەر» ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان ساۋەن قۇرۇپ چىقىدىكەن؛ تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسى، تېخىمۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، تېخىمۇ ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئىستىلى بىلەن تېخىمۇ ھەيۋەتلىك، گۈزەل دەۋر يۈگمە رەسىمنى سىزىپ، تېخىمۇ شانلىق ساۋەن سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقىدىكەن.